ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق شائىر، يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1950 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ چىرا ناھىيە چىرا يېزىسىدىكى چوڭكۆل كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1956 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە چىرا يېزىسىدىكى چوڭكۆل باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ھەم تولۇق سىنىپلىرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان. 1960 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە سابىق دۆڭقاتخۇلىڭ گۇڭشى 5 - دادۈيدە پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى، قوشۇمچە ئىتتىپاق باش ياچېيكا سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن. 1972 - يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1976 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان ۋە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر قوشۇمچە ئۇيغۇر بۆلۈم مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، ئۇ ھازىر «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى قارمىقىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) ۋە «يېڭى تاڭ» (خەنزۇچە) ژۇرناللىرىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مول ئەمگەكلىرى ۋە نەشرىياتچىلىق-ژۇرنالچىلىق جەھەتتىكى ئالاھىدە تۆھپىلىرى بىلەن 1987 - يىلى 37 يېشىدا دەرىجە ئاتلىنىپ بېرىلگەن كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانى (دوتسېنت) غا ئېرىشكەن. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان پەن-تېخنىكا خادىمى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلىغان، يەنە شۇ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى گەۋدىلىك تۆھپىسى بار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس نامىنى بېرىپ، ئالاھىدە سىياسىي ۋە ماددىي مۇئامىلىدىن بەھرىمان قىلغان ۋە قىلىۋاتىدۇ. 1992 - يىلىغا كەلگەندە 41 يېشىدا ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانى (پروفېسسور) غا ئېرىشىپ، شۇ چاغدا ئاپتونوم رايون مىقياسىدىكى ئوخشاش ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياش پروفېسسور بولۇپ قالغان.

شائىر ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ ئەقىللىق، زېرەك، كىتاب ئوقۇش ھەم ھېكايە، چۆچەك ئاڭلاشقا ھېرىسمەن چوڭ بولغان. ئاتىسى ئىبراھىم ئاخۇن كۆپنى كۆرگەن، كىتاب خۇمار بىر زات بولغاچقا، شائىر ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىلىق شىجائەتلىك، تىرىشچان بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچكەندىن كېيىنلا ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە چەت ئەل يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنى ئۇلغايتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ۋە يېزا تۇرمۇشى تېما قىلىنغان شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشىپ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن ھەمدە تۇنجى شېئىرى 1963 - يىلى «خوتەن گېزىتى» نىڭ «كۇئېنلۇن چېچەكلىرى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان.

يېزىدا ئۆتكەن بەش يىللىق ھاياتى شائىرنى مول تۇرمۇش بىلىملىرىنى-توپلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان، ئۇ كۈندۈزى دېھقانلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلسا، كەچلىرى قارا چىراق يورۇقىدا قېتىرقىنىپ كىتاب كۆرگەن، خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن، پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، تارىخ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن. بەزى تەبىئىي پەن تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ بارغان. جاپالىق يېزا شارائىتىدىمۇ ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۈزۈپ قويمىغان.

قويۇق مىللىي تۈس ئالغان ئالىي مەكتەپ مۇھىتى شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە تېز يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولغان. ئۇ نەزەرىيە جەھەتتىن مۇنتىزىم تەربىيىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىمۇ مۇئەييەن چۈشەنچە ھەم قاراشلارغا ئىگە بولغان، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ جامائەتكە ئارقا-ئارقىدىن تەقدىم قىلغان.

شائىر ئىجادىيەت ھاياتىدا تۇرمۇشنى، تونۇشنى ۋە ئۇنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا دەپ قاراپ، ئىجادىيەتتە، باشتىن-ئاخىر ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتقان، مىللەتكە، ئەۋلادلارغا ئۆچمەس تەۋەررۇكلەرنى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئىزدەنگەن، بولۇپمۇ ئۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» تەھرىراتىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تالانتلىق شائىر، يازغۇچى، ژۇرنالىست بولۇپ يېتىشىپ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا تونۇلغان. ئۇ مۇشۇ يىللاردا

«كۆكلەم»، «يۇلغۇن چېچىكى»، «ھەسەن ـ ھۈسەن»، «ئۈچ بولكا»، «ئاجايىپ كۆزلەر»، «سىرلىق كارۋان»، «كۆك كەپتەر»، «تۇمانلىق دۇنيا»، «سېرىق سەبدە»، «تۈندىكى چاقماق» (رومان)، «كۈن نەدىن چىقىدۇ؟» (خەنزۇچە توپلام) دىن ئىبارەت 11 پارچە كىتابىنى، «ماركو پولو»، «36 تەدبىر» قاتارلىق توققۇز پارچە تەرجىمە كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، شەخسلەرنىڭ ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە كىتاپ چىقىرىش سانى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئون نەچچە پارچە شېئىرى، داستان، ھېكايە، پوۋېستلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. «خوتەن قەغىزى»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» «كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ»، «ئۈچ بولكا» قاتارلىق سەككىز پارچە ئەسىرى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن، شائىرنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى مەركەز ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا، روسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان مەتبۇئاتلىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ۋە 17 پارچە ئەسىرى رۇس، قازاق، ئۆزبېك، ئىنگلىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان.

شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم خىزمەتكە قاتناشقان 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئەدەبىيات ئىجادىيەت سەھنىمىزدىكى مول ھوسۇللۇق قەلەمكەش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان نەشرىياتچىلىقىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ۋە «يېڭى تاڭ» ژۇرناللىرىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن ئون نەچچە يىل داۋامىدا ژۇرنالنى كۆركەم، مەزمۇنلۇق، قىزىقارلىق چىقىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىزدىنىپ، بۇ ژۇرناللارنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ژۇرناللارغا ئايلاندۇرغان، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ ئاتاغلىق ژۇرنالىست بولۇپ قالغان، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى، چاۋشيەن، كۇۋەيت، پاكىستان، ۋېيتنام، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا زىيارەتتە بولغان، تولۇق تەرجىمھالى ۋە ئىش ئىزلىرى «جۇڭگو مەشھۇر ياشلار قامۇسى»، «ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدىبلىرى قامۇسى»، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى قامۇسى»، «جۇڭگودىكى مەشھۇر باش مۇھەررىرلەر قامۇسى» ۋە شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» قاتارلىق قامۇسلاردىن ئورۇن ئالغان.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ياشلار گېزىت-ژۇرناللىرى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى باھالاش ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات ئالىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى، كەسپىي يازغۇچىلار ئالىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ 1862 ـ يىلدىن 1887 ـ يىلغىچە بولغان خوتەن، يەكەن، قەشقەر ۋەقەلىكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخى رومانى — «داغ» ئۇنىڭ يەنە بىر چوڭ ئەمگىكى سۈپىتىدە يىل ئاخىرىدا كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

نادىر سادىر